السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇشىدىن كەتكەندە، ئۇنىڭ ھەمشىرىسى يىغلاشقا باشلىدى. ۋاي مېنىڭ تېغىم، ۋاي مېنىڭ تايانچىم دېگىلى تۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ھۇشىغا كەلگەندە: سىز نېمە دېگەن بولسىڭىز، ماڭا شۇ سۆزنىڭ ئۆزى دېيىلدى، دېدى

نۇئمان ئىبنى بەشىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇشىدىن كەتكەندە ئۇنىڭ ھەمشىرىسى يىغلاشقا باشلاپ: ۋاي مېنىڭ تېغىم، ۋاي مېنىڭ تايانچىم دېگىلى تۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ھۇشىغا كەلگەندە: ماڭا نېمە دېگەن بولسىڭىز سىزمۇ شۇ، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى، كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھۇشىدىن كېتەتتى، ئۇنىڭ ھەمشىرىسى شۇ ھالىتىنى كۆرگەندە، ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ گۇمان قىلىپ يىغلىدى ۋە نال-پەرياد قىلىپ: ۋاي تايانچىم، ۋاي مېنىڭ تېغىم، دېدى. يەنى ئابدۇللاھ ئۇ ئايال ئۈچۈن پاناھلىنىدىغان ۋە تايىنىدىغان تاغ كەبى، بارلىق ئىشلىرىدا تايىنىدىغان تايانچ بولغانلىقى ئۈچۈن نالە-پەرياد قىلدى. ئۇنىڭ ياخشى، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى جاھىلىيەت ئادىتى بويىچە تىلغا ئالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ھۇشىغا كەلگەندە جەرياندىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭغا بىھوش ياتقىنىدا پەرىشتىلەر: سەن ئۇلار تايىنىدىغان تاغمۇ؟ سەن مۇنداقمۇ؟ سەن ئۇلار سۈپەتلىگەندەكمۇ؟ دېدى. ھەمشىرىسى تىلغا ئالغان سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ بىھوش ياتقىنىدا مەسخىرە قىلىش ۋە تەھدىت شەكلىدە دېيىلدى. يەنە بىر ھەدىستە ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇرۇق-تۇققانلىرى نالە-پەرياد قىلىپ يىغلىمىغان. بۇ ھەدىستىن دەرس ئالغان، دېيىلگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8927

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee